# سۆيۈملۈك بىر تال قىزىلگۈل

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەتيۈسۈپنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، كەنتتىكىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش ئادىتى بار بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرى گۈل بىلەن گۈلقەنت ياسايتتى، ساتالمىغان گۈللىرىنىڭ نۇرغۇنىنى كېرىيە دەرياسىغا تۆكۈۋېتەتتى.

1997 ـ يىلىدىن بۇيان، قىزىلگۈل ئېتىزىغا تىكىلىپ، شۇ جاينىڭ خاس كەسپى سۈپىتىدە زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىندى. «ھازىر ئوخشىمايدۇ، يېڭى گۈل، قۇرۇتۇلغان گۈل غۇنچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياخشى باھادا ساتقىلى بولىدۇ» دېدى مەتيۈسۈپ.

غادىراق كەنتىدىكى ئۆزگىرىش 2017 ـ يىلى بەرپا قىلىنغان 25 مولۇق يۇقىرى ھوسۇللۇق قىزىلگۈل ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدىن باشلاندى.

شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى غادىراق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى گو يۈڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: دەسلەپتە، دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەر مو يەردىن قىلىنغان كىرىمنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولدى. قىزىلگۈل خاس كەسپىنى زورايتىش ئۈچۈن، شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ تېخنىك خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ، كەنتتە 25 مولۇق يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى بەرپا قىلىپ، قىزىلگۈل كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. نەق مەيداندا ئوقۇتۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق، كەنتتە بىر تۈركۈم قىزىلگۈل تېرىش تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

«ھازىر 25 مولۇق ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىنىڭ مو بېشى مەھسۇلات كىرىمى 5000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.» گو يۈڭ مۇنداق دېدى: «كەنتتىكى ھەرقانداق كىشى بۇنى كۆرسە ھەۋەس قىلماي تۇرالامدۇ؟ ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھازىر پۈتۈن كەنتتە قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش كۆلىمى 2000 موغا يەتتى، قىزىلگۈل كەنتنىڭ يېتەكچى كەسپىگە ئايلاندى».

### كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇلدى ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت قىلىندى

غادىراق كەنتىدىكى ئىناق خاس يېزا ئىگىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كىرسىڭىز، قىزىلگۈلنىڭ خۇش پۇرىقى ھەممە يەرنى قاپلىغان بولۇپ، كوپېراتىپ ھويلىسىغا تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ياسالغان نەچچە ئون توننا گۈلقەنت قويۇلغانىدى.

«بۇ يەردە گۈلقەنت، گۈل چېيى بار، بىز ‹چوڭگۈل› ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇردۇق، ھازىر بازىرى ناھايىتى ياخشى.» 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى غوجابدۇللا ئوسمان سۆزلىگەچ بىر نەچچە كۈندىكى زاكاز تالونلىرىنى كۆرسەتتى: بۇ ئۈرۈمچىنىڭ، چېڭدۇنىڭ، لاسانىڭ...

51 ياشلىق غوجابدۇللا غادىراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا قىزىلگۈلنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ يىراقلارغا سېتىش ئۈستىدە ئويلىناتتى. شۇڭا 2015 ـ يىلى، ئۇ ئىناق خاس يېزا ئىگىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇردى. «ئەينى يىلى، بىز 1000 مو يەرگە قىزىلگۈل تىكىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈش ئارقىلىق قىزىلگۈلنىڭ ھوسۇلى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرمەكچى بولدۇق. يەنە مەخسۇس تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ئىلمىي باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۆستۈرۈش سەۋىيەسىنى ئاشۇردۇق.» غوجابدۇللا مۇنداق دېدى: تېخنىك خادىملار ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى، «ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىنىڭ ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئۆسكەندىلا، قىزىلگۈلنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش بوشلۇقى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ».

بۈگۈنكى كۈندە، ئىناق خاس يېزا ئىگىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قىزىلگۈل ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش قاتارلىقلارنى بىر گەۋدىلەشكەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئايلاندى، مەھسۇلاتى ئون نەچچە خىلغا يېتىپ، شۇ جايدىكى 42 كەنت ئاھالىسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 22 كىشى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلە. ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ مەنپەئەتلەنگەنلەر 2000 كىشىدىن ئاشتى، غادىراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سىپىرەمخان مەتتوختى مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى.

«ئىلگىرى تېخنىكا بىلمەيتتىم، ھەتتا گۈل شاخلىرىنى چاتاشقىمۇ كۆزۈم قىيمايتتى» دېدى سىپىرەمخان. بۇ يىل قىزىلگۈل ئۈزۈش مەزگىلىدە، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 ئەتراپىدا ئېتىزغا كېلىپ، گۈل ئېچىلىشتىن بۇرۇن، قىزىلگۈل غۇنچىسىنى ئۈزدى. قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ تېخنىكا تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ قىزىلگۈل شېخىنى چاتاپ، كېلەر يىلى مول ھوسۇل ئېلىشقا تەييارلىق قىلدى.

«ھەمكارلىق كوپېراتىپى بولغاچقا، ئائىلىمىز ئۆستۈرگەن قىزىلگۈلنىڭ مو بېشى ھوسۇلى بۇلتۇرقىدىن 50 كىلوگرامغا يېقىن ئاشتى.» سىپىرەمخان يەنە ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئايدا 2000 يۈەن مائاش ئالدى.

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئىناق خاس يېزا ئىگىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 قىزىلگۈل دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈل كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى تايانچىغا ئايلانماقتا.

### كەسپ زەنجىرى ئۇزارتىلدى ئۈنۈم زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك قىزىلگۈل ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمى باشلاندى، غادىراق كەنتىدىكى قىزىلگۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان ئېتىزلىقتا، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى دەي شۆسۇڭ كارخانا مەسئۇللىرى، قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش ماھىرلىرى قاتارلىقلار بىلەن بىللە مەخسۇس مەيدان بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇشقا قاتنىشىپ، جەمئىي 556 مىڭ تورداشنى توردا كۆرۈشكە جەلپ قىلىپ، ئومۇمىي قىممىتى 446 مىڭ يۈەنلىك گۈلقەنت، گۈل چېيى، گۈلقەنت نان قاتارلىق خاس مەھسۇلاتلارنى ساتتى.

قىزىلگۈلنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ئالتۇن گۈل»گە ئايلاندۇرۇشتا، چوقۇم باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايىنىپ، كەسپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىش كېرەك.

2012 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭ كېرىيە گۈيمى بىيو پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى ئېھتىياجغا ئاساسەن بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭ كېرىيە گۈيمى بىيو پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يىغىپ ساقلاش ئامبىرىغا كىرگەندە بىر تەرەپكە يېڭى ئۈزۈلگەن قىزىلگۈللەر دۆۋىلەپ قويۇلغان، بىر تەرەپكە ئوراپ قاچىلىنىش ئالدىدا تۇرغان قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈل غۇنچىسى قويۇلغانىدى. قىزىلگۈل ساپ شەربىتى، قىزىلگۈل ساپ مېيى ئايرىش سېخىدا ئىشچىلار بارلىق زېھنى بىلەن تۈرلۈك چوڭقۇر پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىۋاتاتتى.

«نۆۋەتتە، شىركەت 10 مىڭ مولۇق قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش بازىسى قۇرۇپ، قىزىلگۈل يۈرۈشلۈك يېمەكلىكلىرى، گىرىم بۇيۇملىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىر گەۋدە قىلىنغان پۈتۈن كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى، مەھسۇلاتلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلىۋاتىدۇ» دېدى بۇ شىركەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى گاۋ جيۈەن.

باشلامچى كارخانىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى قىزىلگۈل مەھسۇلاتلىرىنىڭ داڭقىنى ئاشۇردى، شۇنداقلا شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

«كارخانىغا كىرىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، مەن بوتۇلكا يۇيۇش، قاچىلاش، ئوراش قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشلىدىم، ھازىر قىزىلگۈل دىستىللەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋاتىمەن» دېدى بۇ شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى مەمتىمىن. ئۇنىڭغا ئوخشاش 60 نەچچە دېھقان شىركەتنىڭ تېخنىكا تايانچىسى بولۇپ يېتىلدى.

گاۋ جيۈەن مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بۇ جايدىكى ۋە ئەتراپتىكى پەسىللىك ۋاقىتلىق ئىشچىلاردىن جەمئىي 200 مىڭ ئادەم قېتىم ئىشلىتىپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە 30 نەچچە مىليون يۈەن كىرىم يارىتىپ بەردۇق؛ بۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈل، قىزىلگۈل كۆچىتى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق، دېھقان ئائىلىلىرىگە 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كىرىم يارىتىپ بەردۇق.




# ئوت يۈرەك جىنايى ئىشلار ساقچىسى ياڭ ۋېنفېڭ: ھاياتى بەدىلىگە قەسەمنى شەرھلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى خارىبىن تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لياڭ شۈبىن)** «ساقچى بولغان ئىكەنمىز، خەتەردىن قورقماسلىقىمىز، ئىش بولسا ئالدىدا مېڭىشىمىز كېرەك!» دەيتتى جىنايى ئىشلار ساقچىسى ياڭ ۋېنفېڭ ھايات ۋاقتىدا.

ياڭ ۋېنفېڭ 1968 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چەنچىخار شەھىرى لۇڭشا جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ بىر جىنايى ئىشلار ساقچىسى ئىدى. ساقچى بولغان 15 يىلدا، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، تۆت قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن.

2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، لۇڭشا جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى ۋاڭ XXنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ساقچىلار بۇنىڭ بىر قەبىھ قاتىللىق دېلوسى ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئىككى جىنايەت گۇماندارىنىڭ مەلۇم ئولتۇراق رايوندىكى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىغا بېرىپ دېلوغا چېتىشلىق پىكاپنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەن. سائەت 20 ئەتراپىدا، ئىككى جىنايەت گۇماندارى بىر مىينىۋاگېنى ھەيدەپ ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاڭ XX مىينىۋاگېندىن چۈشۈپ دېلوغا چېتىشلىق پىكاپنى ھەيدەپ كەتمەكچى بولغاندا، پىستىرما قۇرغان خەلق ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

ياڭ ۋېنفېڭ باشقا ئۈچ نەپەر خەلق ساقچىسى بىلەن يەنە بىر جىنايەت گۇماندارى گاۋ XX ھەيدىگەن مىينىۋاگېنى قورشىۋالغان. ياڭ ۋېنفېڭ شوپۇر ئولتۇرغان تەرەپكە ئېتىلىپ بېرىپ، گاۋ XXنى ئاپتوموبىلدىن چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلغان، گاۋ XX تۇيۇقسىز ئوق چىقارغان. «قورالى باركەن!» ياڭ ۋېنفېڭ سەپداشلىرىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، قارا نىيەت ئاتقان ئوق بېشىغا تېگىپ يەرگە يىقىلغان. جىنايەت گۇماندارى گاۋ XX نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ياڭ ۋېنفېڭ يارىلانغاندىن كېيىن دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان. ئاخىردا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، بەختكە قارشى قۇربان بولغان. ئارانلا 47 ياشقا كىرگەن بۇ جىنايى ئىشلار ساقچىسى ھاياتى بەدىلىگە قەسەمنى شەرھلىدى.

ياڭ ۋېنفېڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بىرلىكتە بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى.

ساقچى بولۇشتىن ئىلگىرى، ياڭ ۋېنفېڭ ئامانلىق ساقلاش شىركىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا، بىر باسقۇنچىلىق جىنايەت گۇماندارىنى ئۇچرىتىپ قالغان. ئۆزىدىن خېلىلا ئېگىز بولغان، قولىغا پىچاق ئالغان قارا نىيەت ئالدىدا، ياڭ ۋېنفېڭ ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئۇنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ساقچى تەرەپ بۇنىڭغا ئاساسەن 20دىن ئارتۇق بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق دېلوسىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلغان. ياڭ ۋېنفېڭغا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «باتۇر شەھەر ئاھالىسى ئۆلگىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. 2000 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىش ئىزلىرى گەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خەلق ساقچىسىلىققا قوبۇل قىلىنغان.

ياڭ ۋېنفېڭ ساقچىلىق كەسپىنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان جىنايەت ۋاستىلىرى ئالدىدا، ئۇ بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىققان. بىر قېتىم، ساقچى تەرەپ قانۇنسىز زەھەر ساقلىغان، زەھەر چەككەن جىنايەت گۇماندارى شۇ Xنى قولغا ئالغاندا، شۇ X ئېغىز ئاچماي تۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكى، ئائىلە مۇھىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ياڭ ۋېنفېڭ قاراتمىلىقى بولغان سوراق قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئۇنىڭ پسىخىك مۇداپىئە سېپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىتچىت قىلغان ھەم مۇشۇ يىپ ئۇچى بويىچە سەپداشلىرى بىلەن ئىز قوغلاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرگەن دېلونى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىپ، چەنچىخار شەھىرىدىكى تۇنجى كرىستال زەھەر پىششىقلاش زاۋۇتىنى تارمار قىلغان.

ياڭ ۋېنفېڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ھەر يىلىدىكى چىڭمىڭ كۈنىدە ياكى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، سەپداشلىرى كېلىشىۋالغاندەكلا ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ قەبرە تېشىنى سۈرتۈپ، بىر دەستە گۈل تەقدىم قىلىپ كەلمەكتە.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### ھەر كۈنى ئالدىراشچىلىقتا پۇت ـ قولى يەرگە تەگمىدى

بۇلتۇر ياسىنجان خوتەن شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندا، نەۋرە سىڭلىسى ئاچقان شىركەتتە ئادەم كەمچىل ئىدى. «كېلىپ ماڭا ياردەملەشكىن!» نەۋرە سىڭلىسى ياسىنجاننى ئۆزىنىڭ شىركىتىگە كېلىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى.

«مەن ئاساسلىقى خوتەن شەھىرىدىكى كەسپكە ۋە شىركەتنىڭ كۈندىلىك باشقۇرۇشىغا مەسئۇل، نەۋرە سىڭلىم پۈتۈن زېھنى بىلەن خوتەن شەھىرىدىن باشقا جايلاردىكى بازارنى ئاچىدۇ.» ياسىنجان ھەر كۈنى نۇرغۇن خېرىدارنى كۈتۈۋالىدۇ، خېرىدارلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئىگىلەيدۇ، «ئىشخانىغا كىرسەملا تېلېفون توختىماي جىرىڭلايدۇ.» ئۇ يەنە شىركەتتىكى ئۆي خىزمەتچىسى، تۇغۇت پەرۋىشكارلىرىنىڭ خېرىدارنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىپ، مەسىلە بولسا ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ھەر كۈنى ئالدىراشچىلىقتا پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي قالىدۇ.

«شىركەتتە ھازىر 112 ئۆي خىزمەتچىسى، 380 تۇغۇت پەرۋىشكارى بار، لېكىن يەنىلا يېتىشمەيۋاتىدۇ.» ياسىنجاننىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئۆي خىزمەتچىسى، تۇغۇت پەرۋىشكارلىرىغا بولغان بازار ئېھتىياجى ناھايىتى زور ئىكەن، «بىز يېقىندا يەنە ئون نەچچە ئادەم قوبۇل قىلدۇق، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە تەربىيەلىنىشكە ئەۋەتىپ پەرۋىش گۇۋاھنامىسى ئېلىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىمىز.» پەرۋىش گۇۋاھنامىسى بولسىلا، ئۆي خىزمەتچىلىرىنىڭ شەخسىي كىرىمى خېلى كۆپ ئاشىدىكەن، خېرىدارلارنىڭ تېخىمۇ ئالقىشىغا ئېرىشىدىكەن.

ھازىرقى خىزمەت تىلغا ئېلىنسا ياسىنجان ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدۇ. ھالبۇكى بۇرۇنقى تۇرمۇش تىلغا ئېلىنسىلا، ياسىنجان توختىماي بېشىنى چايقايدۇ.

### ئۆگىنىش ئۇنى ئازغان يولدىن قايتۇرۇپ كەلدى

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشتىن ئىلگىرى ياسىنجان بىر مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىدە ئىشلەيتتى. خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، ئۇ تېلېفوندا ئويۇن ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى، مەقسەتسىزلا ئەسەبىي ئىدىيەنى تارقىتىدىغان بەزى تور بېكەتلىرىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە پەرۋا قىلمىدى، لېكىن كۆرۈۋېرىپ، بارا ـ بارا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئەسەبىي ئىدىيە تەرغىب قىلىنغان ئاشۇ ئاتالمىش «قائىدە»لەرنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دوستلىرى بىلەن يىغىلىش قىلغاندا ناخشا ئېيتقان، ئۇسسۇل ئوينىغانلىقىنى كۆرۈپ، ياسىنجان ئۇلارغا ئېغىز ئاچتۇرمايلا ئارىلاشتى، توستى. كېيىن ئۇنىڭ بارا ـ بارا ئىشلەشكىمۇ رايى بارماي، كۈنبويى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايدىغان بولۇپ قالدى.

خوتۇنى ئارزۇگۈل تۇرسۇن ياسىنجانغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىز ئىشقا بارمىسىڭىز، كىرىم بولمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشىمىزنى قانداق قىلىمىز.» ياسىنجان خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپمۇ قويمىدى، يەنە قوپاللىق بىلەن خوتۇنىنى ئەيىبلەپ تىللىدى. مەھەللە خىزمەتچىلىرىمۇ ياسىنجاندىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلدى. مەھەللە كادىرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ياسىنجان تەربىيەلەش مەركىزىگە كېلىپ ئۆگىنىشكە تىزىملاتتى.

تەربىيەلەش مەركىزىدە، ياسىنجان دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەندى، بۈگۈنكى كۈندە باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدى. قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ياسىنجان ئۆزى ئىلگىرى دائىم كۆرىدىغان تور بېكەتلىرىنىڭ تارقاتقانلىرىنىڭ ئەسەبىي ئىدىيە بولۇپ، قانچە كۆپ كۆرسە خەۋپىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ۋاقتىدا توغرا يولغا قايتمىسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

«ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرگەن بولسام، تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتەتتىمەن. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمدىن ئايرىلىپلا قالماي، يەنە ئۆزۈمنىمۇ نابۇت قىلار ئىكەنمەن» دېدى ياسىنجان.

### بىر نىيەتتە بولغاندىلا ئاندىن ئىشلارنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ

ياسىنجان تۇغۇت پەرۋىشكارى، ئۆي خىزمەتچىسى قوشۇنىنى داۋاملىق كېڭەيتىشنى پىلانلىدى. بۇ يىل لوپ ناھىيەسى، قاراقاش ناھىيەسىدە شۆبە شىركەت ئېچىپلا قالماي، يەنە ئۈرۈمچىدە شۆبە شىركەت قۇرۇشنى ئويلاشتى.

«4 ـ ئايدىن باشلاپ، شىركەت ئائىلە مۇلازىمەتچىلىرىنى تەكلىپ قىلدى، ئاپتوموبىل ئىجارىگە ئېلىپ، يەنە ئائىلە مۇلازىمىتى ۋە ئۆي كۆچۈرۈش كەسپىنى قانات يايدۇردى.» ياسىنجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى نۇرغۇن خېرىدار ئۆي خىزمەتچىسى ئىزدىگەندە ئائىلە مۇلازىمىتى ياكى ئۆي كۆچۈرۈش مۇلازىمىتى بار ـ يوقلۇقىنى سورىغان ئىكەن، سورايدىغانلار كۆپەيگەنسېرى، ئۇ بۇ ئىككى تۈرلۈك كەسپنىمۇ قانات يايدۇرۇشنى ئويلىشىپتۇ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياسىنجاننىڭ قارارى توغرا ئىدى، ئائىلە مۇلازىمىتى ۋە ئۆي كۆچۈرۈش كەسپى ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى. «بۇنىڭدىن كېيىن كەسپ مىقدارى زورايسا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆي كۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنى سېتىۋالىمىز» دېدى ئۇ.

شىركەت خادىملىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، قانداق قىلغاندا باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ، بۇ ياسىنجان ئۈچۈن بىر خىرىس ئىدى.

«مەن تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگەنگەن قانۇن بىلىملىرى ماڭا چوڭ ياردەم قىلدى.» ياسىنجان مۇنداق دېدى: ھازىر مەيلى خېرىدارلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالاشتا بولسۇن ياكى خىزمەتچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزۈشتە بولسۇن، ھەممىسىدە قانۇنغا ھۆرمەت قىلىمىز، قانۇنغا رىئايە قىلىمىز. ياسىنجان يەنە شىركەتكە قانۇن مەسلىھەتچىسى تەكلىپ قىلىپ، مۇھىم ئىشلاردا قانۇن مەسلىھەتچىسىدىن مەسلىھەت سورىدى.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ياسىنجاندا يەنە بىر روشەن ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ بولسىمۇ خوتۇنىنى تېخىمۇ چۈشىنىش، قوللاش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش بولدى. خوتۇنىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش ئىدى، ئىلگىرى ئەزەلدىن ئۆي ئىشلىرىنى قىلمايدىغان ياسىنجان ئۆي ئىشلىرىنى تەڭ ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. بىر قېتىم، خوتۇنى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ ئۆيگە بەك كەچ قايتقاندا، ياسىنجان ئۆزى ئەتكەن تاماقنى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا قويدى، خوتۇنى تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى.

شىركەتتە ياسىنجان بىر ياخشى رەھبەر بولۇشقىمۇ تىرىشتى. بىر خىزمەتچىنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، ياسىنجان خىزمەتتە باشقىلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن، كۆپچىلىكنىڭ ھالىغا يېتىدىكەن. بەزىدە شىركەتنىڭ كەسپى ئالدىراش بولغاندا، ئۇ يەنە خىزمەتچىلەرگە شوپۇر بولۇپ، خىزمەتچىلەرنى باشلاپ بىللە قاتنايدىكەن. ئالدىراشچىلىقتا سىرتتا چىقىپ تاماق يېيىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغاندا، ئۇ ئۆزى پۇل چىقىرىپ كۆپچىلىككە خىزمەت تامىقى ئېلىپ بېرىدىكەن.

«شىركەت بىر كوللېكتىپ، كۆپچىلىك جەزمەن ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك، بىر نىيەتتە بولغاندىلا ئاندىن ئىشلارنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ.» ياسىنجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ بىرلىكتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، شىركەتنى بارغانسېرى ياخشى باشقۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ كىرىمىنى بارغانسېرى ئاشۇرىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)